# كىمكى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ».
[ھەسەن] [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەر قانداق بىر كىشى كاپىرلاردىن ياكى پاسىقلاردىن ياكى ياخشى كىشىلەردىن بولغان بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن (يەنى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان، ئېتىقاد، ئىبادەت ياكى ئادەت قاتارلىق ئىشلاردا) ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ، چۈنكى تاشقى قىياپەتتە ئۇلارغا ئوخشىشىش، مەنىۋى تەرەپتىمۇ ئۇلارغا ئوخشىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شەكسىزكى، بىر قەۋمگە ئوخشىشىش بولسا، ئۇلارغا قايىل بولغانلىق ۋە ھەۋەسلەنگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ئىش ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشكە، ھۆرمەتلەشكە ۋە ئۇلارغا تايىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداقلا، ئىنساننى مەنىۋى ئىشلاردا ھەتتا ئىبادەتلەردىمۇ ئۇلارغا ئوخشىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئاللاھ بۇنىڭدىن ساقلىسۇن.



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee